«1 ـ ماي»دىكى ياخشى چاغلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىش

# «كۆڭۈلمسىرىگەن شىنجاڭ» ھەرىكىتى باشلاندى

## ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلىدۇ

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رىبىن جياڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: كۆڭۈلمسىرەپ مۇلازىمەت قىلىشنى ئورگانغا كىرگۈزۈش، مەنزىرە رايونىغا كىرگۈزۈش، كارخانىغا كىرگۈزۈش، ۋوگزالغا كىرگۈزۈش، ئايروپورتقا كىرگۈزۈش، سودا سارايى، تالالا بازىرىغا كىرگۈزۈش، مەيدانغا كىرگۈزۈش، ئاممىۋى سورۇنغا كىرگۈزۈش... 5 ـ ئايدىن باشلاپ، «كۆڭۈلمسىرىگەن شىنجاڭ» ساياھەت مۇلازىمىتىنى ئۆستۈرۈش مەخسۇس ھەرىكىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلىدىكەن. بۇنى مۇخبىرلار 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون ئاچقان شىنجاڭ ئىچكى ساياھەت بازىرىنى تېز جانلاندۇرۇش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىدىن ئىگىلىگەن.

بۇ ھەرىكەتتە شىنجاڭ ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ياخشىلاش، ساياھەتنى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. پۈتۈن ساھە دائىرىسىدە كۆڭۈلمسىرەپ مۇلازىمەت قىلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ ئوبرازى، سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلۈپ، ئومۇميۈزلۈك، كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، «قىزغىن، مېھماندوست» قويۇق كەيپىيات يارىتىلىپ، ساياھەتچىلەر مەدەنىي، قېلىپلاشقان، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ساياھەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر يەن نەيمىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «كۆڭۈلمسىرىگەن شىنجاڭ» ساياھەت مۇلازىمىتىنى ئۆستۈرۈش بۇ يىللىق شىنجاڭ ساياھەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. بۇ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ يىل ئاخىرىغىچە يولغا قويۇش باسقۇچى، 2020 ـ يىلدىن كېيىن ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇلىدۇ، شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ ئوبرازى، سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى، ساياھەت ھەم ئالاقىدار ساھە كەسپكارلىرىنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرمىغا ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ساياھەت مەنزىرە رايون (نۇقتا)لىرى، ساياھەتچىلەر يىغىلىش ـ تارقىلىش مەركەزلىرى، مېھمانسارايى (پۇقراۋى قونالغۇ)لار، خاس مال سېتىۋېلىش كوچا رايونلىرى، ساياھەت ساھە جەمئىيەتلىرى قاتارلىق ساياھەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ۋە خادىملار، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قاتناش ـ ترانسپورت، تۆمۈريول، ئاۋىياتسىيە قاتارلىق تارماقلار مەسئۇل بولغان تەكشۈرۈش پونكىتلىرى، قاتناش قانۇن (ۋەزىپە) ئىجرا قىلىش نۇقتىلىرى، ۋوگزاللار، ئاپتوموبىل بېكەتلىرى، ئايرودۇرۇملار، ھەق ئېلىش پونكىتلىرى، مۇلازىمەت رايونلىرى، مەيدانلار ھەمدە كىرا ئاپتوموبىللىرى، لىنىيە ئاپتوموبىللىرى قاتارلىق تىجارەت ترانسپورتى شىركەتلىرىدىكى كەسپكارلار، سودا سارايى، تالالا بازارلىرى، مال سېتىۋېلىش كوچا رايونلىرى قاتارلىق سورۇنلار ۋە كەسپكارلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە قاتنىشىدۇ.

ئالاقىدار تەرەپلەر «كۆڭۈلمسىرىگەن شىنجاڭ» مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «كۆڭۈلمسىرىگەن شىنجاڭ» ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، «كۆڭۈلمسىرىگەن شىنجاڭ» ساھە تەشەببۇسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە تېزلىكتە ساياھەت كەسپىنىڭ كۆڭۈلمسىرەپ مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى قانات يايدۇرىدۇ ھەم يارىتىدۇ.

يەن نەيمىن يەنە تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ساياھەتچىلەر باھالاشنى ئاساس قىلغان «كۆڭۈلمسىرىگەن شىنجاڭ» باھالاش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، ئىش ئورنى مۇلازىمەت مەشغۇلاتىنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى ۋە مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، بىر تۈركۈم ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت سۈپەتلىك ماركىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، «كۆڭۈلمسىرەش چولپىنى» «كۆڭۈلمسىرىگەن شىنجاڭ ئوبراز ئەلچىسى» قاتارلىق ئۈلگىلىك تىپلارنى تۇرغۇزۇپ، ئىنتىۋدۇئاللاشقان، ئادىمىلەشكەن، خاسلاشقان، ئىنچىكىلەشكەن مۇلازىمەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتى، ساياھەتچىلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىش دەرىجىسى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «كۆڭۈلمسىرىگەن شىنجاڭ» مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى شەكىللەندۈرىدۇ.

# «بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۇپىسى تورغا چىقىرىلدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۇپىسى تورغا چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۈنىياز سۇپىنى تورغا چىقىرىش قوزغىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

«بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۇپىسى ساياھەتچىلەر ساياھەت جەريانىدا ئېرىشكەن ئۇچۇرى ۋاقتىدا بولماسلىق، ئەترابلىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كىرىش ئېغىزى قىلىپ، «ساياھەتتىن ئىلگىرىكى، ساياھەت جەريانىدىكى، ساياھەتتىن كېيىنكى» ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، بۇلۇت ھېسابلاش، چوڭ سانلىق مەلۇمات، نەرسە تورى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، 5G، ئاستا بىۋاسىتە كۆرسىتىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى قوللىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ساياھەت چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى، ئاقىل ساياھەت باشقۇرۇش سۇپىسى، ساياھەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىش ھەم ماركېتلىق سۇپىسى بەرپا قىلىپ، «بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇردى. سۇپىنىڭ تورغا چىقىرىلىشى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ رەقەملىك ئىقتىساد دەۋرىگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تېز تەرەققىي قىلىشىغا كۈچ قوشىدۇ.

نۆۋەتتە، سۇپىدا A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنزىرە رايونى، مېھمانسارايى، مەدەنىيەت مەيدان ـ سارايلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، پۇقراۋى قونالغۇ، مەنزىرە رايونىنىڭ قولدا سىزىلغان خەرىتىسى، ئاستا بىۋاسىتە كۆرسىتىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق مۇساپە قاتارلىق 20 مىڭدىن ئارتۇق ئاساسىي سانلىق مەلۇمات تورغا چىقىرىلىپ، شىنجاڭ ساياھىتىدىكى غىزالىنىش، قونالغۇ، سەپەرگە چىقىش، ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

كېيىنكى قەدەمدە، بۇ سۇپا ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت ـ ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ سۇپىسى ۋە باش كىرىش ئېغىزى قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالاقىدار كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەر ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى توپلىنىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئەلا سۈپەتلىك بايلىقى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سانلىق مەلۇمات بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ ئورتاق بەھرىلىنىش زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىپ، ساياھەت سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، مۇكەممەل، توغرا، ۋاقتىدا بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇپىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ساياھەتچىلەرگە مەسلىھەت بېرىش، ئەرز ـ شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، مېھمانسارايى زاكاز قىلىش، توردا راسچوت قىلىش قاتارلىق ئىقتىدارلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

# پۈتۈن مەملىكەتتىكى %70كە يېقىن ساياھەت مەنزىرە رايونى ئېچىۋېتىلدى

## %30لىك ئەڭ چوڭ سىغدۇرۇش مىقدارى قاتتىق ساقلىنىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شۇ جۈنجيې)** 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن گوۋۇيۈەن ئاخباراتى ئىشخانىسىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى لو شۇگاڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ھازىر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى % 70كە يېقىن ساياھەت مەنزىرە رايونى تەرتىپلىك ئېچىۋېتىلدى، گۇگۇڭ سارىيى ۋە دۆلەت مۇزېيىمۇ 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئېچىۋېتىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. «1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە كۆپچىلىكنىڭ ساياھەتكە چىقىش قىزغىنلىقى يۇقىرى، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئېچىۋېتىش، چەك قويۇپ ئېچىۋېتىش، ئالدىن كېلىشىپ ئېچىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

«ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى كۈتۈۋالىدىغان ئادەم سانى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ سىغدۇرۇش مىقدارىنىڭ %30ىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.» لو شۇگاڭ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئويلاشقاندا، ساياھەت بايلىقىنى تېخى تولۇق ئېچىۋېتىشكە بولمايدۇ، جۈملىدىن مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۆي ئىچى قىسمىنى ۋاقىتىنچە ئېچىۋېتىشكە بولمايدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى ھەرقايسى جايلاردىكى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئالدىن كېلىشىپ ساياھەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئالدىن كېلىشىپ ئېچىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. ۋاقىتقا بۆلۈپ ئالدىن كېلىشىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ساياھەتچىلەرنى ئارىلىق قالدۇرۇپ باغچىغا كىرىشكە، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ساياھەت قىلىشقا يېتەكلەپ، ئېقىم مىقدارىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلىنى ئالدىغا سۈرۈپ، پاسسىپ ھالدىكى نەق مەيداندا تارقاقلاشتۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۈرۈشتىن بۇرۇنقى پىلانلاش ۋە يېتەكلەشكە ئۆزگەرتىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىش ۋاقتىنىڭ زىيادە مەركەزلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىپ، ئادەم توپلىنىش خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

لو شۇگاڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى تازىلىق، مۇداپىئەنى ياخشى قىلىپ، تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەشنى كۈچەيتىپ، يېپىق ئىمارەت، كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك سورۇنلىرى قاتارلىقلاردا ۋاقتىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنى «ماسكا تاقاش، قولنى پات ـ پات يۇيۇش، ئارىلىق ساقلاش» بويىچە شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىشقا يېتەكلىشى كېرەك. بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تولۇق تەكشۈرۈش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ساغلاملىق كودى»نى تەكشۈرۈش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، تولۇق تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى كەڭ ساياھەتچىلەرگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئالدىن كېلىشىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئادىتىنى پائال يېتىلدۈرۈشنى ئەسكەرتتى. ساياھەتچىلەر ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ساياھەت لىنىيەسى ۋە ساياھەت ۋاقتىنى ئىلمىي پىلانلاپ، ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى، بېرىش ـ كېلىشتىكى قاتناش قورالى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئالدىن تىزىملىتىشى كېرەك. ئالدىن كېلىشەلمىگەن ساياھەتچىلەر ھەرگىزمۇ ئۆز ئالدىغا بارماسلىقى كېرەك، بولمىسا بىر تەرەپتىن مەنزىرە رايوننى باشقۇرۇشقا قولايسىزلىق ئېلىپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ساياھەتكە چىقىشىغىمۇ قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ.



**تاغ گۈللىرى بەس ـ بەستە ئېچىلدى**

**سۈرەتتە: پورەكلەپ ئېچىلغان مودەن ئوتى (4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تارتىلغان). 4 ـ ئايدىكى قاناس مەنزىرە رايونىدا قار ـ مۇزلار ئېرىپ، تاغ گۈللىرى بەس ـ بەستە ئېچىلىپ، باھار تۈسى نامايان بولدى.**

□ شۇ گۇاڭجيەن فوتوسى

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ

# دەم ئېلىش مەزگىلىدە مەنزىرە رايونلىرىدا قاتناشنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇ

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ گاڭ، لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **چېن خۈي** خەۋەر قىلىدۇ: «1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار قاتناش قوراللىرى، ئاممىۋى مەيدان، بېكەتلەرنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش، دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ بىخەتەر سەپەرگە چىقىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدۇ.

تەلەپ بويىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى كۈنلۈك كۈتۈۋالىدىغان ساياھەتچى سانىنىڭ بېكىتىلگەن ئەڭ چوڭ سىغدۇرۇش مىقدارىنىڭ %30ىدىن ئېشىپ كېتىشىگە بولمايدۇ.

تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەر ئېقىمىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن، ساياھەتچىلەر توردا راست نام تۈزۈمى بويىچە بېلەت سېتىۋېلىشنى، ئارىلىق ئاپتوموبىلدا ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرۇشنى يولغا قويدى. بۇنىڭدىن باشقا، مەنزىرە رايونى خىزمەتچى خادىملار ۋە پىدائىيلارنى كۆپەيتىپ، ساياھەتچىلەرگە 1.5 مېتىر ئارىلىق ساقلاپ ساياھەت قىلىشنى ئەسكەرتتى. مەنزىرە رايونىدا تاشلاندۇق ماسكا مەخسۇس ئەخلەت ساندۇقى تەسىس قىلىندى.

ساياھەتچىلەر دۇنيا موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونىغا كىرگەندە چوقۇم بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆلچەشنى قوبۇل قىلىشى، ساياھەت قىلىشتا پۈتۈن مۇساپىدە ماسكا تاقىشى كېرەك. مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەرگە ئىستېمالدا ئېلېكترونلۇق چەقىم قىلىپ، پۈتۈن مۇساپىدە «ئۇچراشماسلىق»نى ساقلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

تيانشان تۆمۈر چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونىدا، ھەربىر ساياھەتچى مەنزىرە رايونىغا كىرىشتىن بۇرۇن چوقۇم ساغلاملىق كودىنى كۆرسىتىدۇ. مەنزىرە رايونى ھەر كۈنى قەرەللىك ھالدا ئارىلىق ئاپتوموبىلى ۋە ساياھەت مۇلازىمەت مەركىزىنى دېزىنفېكسىيەلەيدۇ.

قاتناش جەھەتتە، شىنجاڭ تۆمۈريولدىكى ھەرقايسى ۋوگزال، ئورۇنلار ۋوگزال، ئۈسكۈنىلەرنى دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى، ھەرقايسى ۋوگزال، پويىزلاردا تازىلاش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە دېزىنفېكسىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ۋوگزالغا كىرىش ـ چىقىش، پويىزنىڭ قاتناش جەريانىدىكى ھەرىكەتچان كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلىدى.

پويىز قاتناۋاتقاندا، پويىز خادىملىرى ھەر ئىككى سائەتتە ۋاگون ئىچى، تازىلىق ئۆيى، ھاجەتخانا، ئەخلەت ساندۇقى، ئورۇندۇق، ئىشىك تۇتقۇچى قاتارلىقلارنى دېزىنفېكسىيەلىدى. پويىز ئاخىرقى ۋوگزالغا بېرىپ ئىسكىلاتقا كىرگەندىن كېيىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرى پۈتۈن پويىزنى دېزىنفېكسىيەلىدى، يەنە پويىزدىكى بارلىق ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ سۈزگۈچلىرىنى يۇيۇپ دېزىنفېكسىيەلىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش گۇرۇھى تەۋەلىكىدىكى 2200دىن ئارتۇق ئاپتوبۇسنى دېزىنفېكسىيەلەش سالمىقىنى زورايتتى. ئاپتوبۇسلارنى يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن دېزىنفېكسىيەلىگەندىن سىرت، ھەربىر ئاپتوبۇسنى يۈرۈش داۋامىدىمۇ يەنە دېزىنفېكسىيەلىدى، ھاۋا ئالماشتۇردى، تۇتقۇچ، ئاسما تۇتقۇچ قاتارلىق نۇقتىلىق قىسىملارنى كۈندە ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم دېزىنفېكسىيەلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاپتوموبىل يولۇچى توشۇش بېكەتلىرى ھەر كۈنى قەرەلسىز دېزىنفېكسىيەلىدى، تاشيول يولۇچىلار ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنى قوزغىلىشتىن بۇرۇن ھەم ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى خەلقئارا ئاپتوموبىل يولۇچى توشۇش بېكىتىدە، خىزمەتچى خادىملار بېلەت سېتىش زالى ۋە كۈتۈش زالىدا پات ـ پات دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى چاچتى ھەم دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى بىلەن پەلەمپەي تۇتقۇچى، ئىشىك تۇتقۇچى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي سۈرتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)